## 1150 ـ خەتنە قىلىش ۋە يىڭى مۇسۇلمانغا ئىسىم تاللاش

**سۇئال**

مەن بولسام بىر دانىيەلىك يىگىت . مەن ئىسلامغا خېلىدىن بىرى قىزىقىپ كەلدىم . ھازىر مەن ئۆزۈمنىڭ بىر مۇسۇلمان بولۇشنى خالايدىغانلىقىمنى پۈتۈنلەي جەزىملەشتۈردىغان بىر باسقۇچقا يېتىپ بولدۇم .مىنىڭ سۇئالىم تۆۋەندىكىچە : مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن خەتنە قىلدۇرۇشۇم كىرەكمۇ ( بۇنى مەن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن ) ھەمدە ئۇ قانداق ئورۇنلىنىدۇ ؟ ئۇنى دوختۇر ياكى ئىمام ئارقىلىق قىلدۇرىمەنمۇ ياكى ئۆزۈم قىلىمەنمۇ ؟ ـ مەن مۇسۇلمان بولغىنىمدا ئىسمىمنى ئۆزگەرتىش راستىنلا بىر خۇشاللىق ئىش دەپ ھىس قىلىمەن . بىراق مەن تۆۋەندىكى ئىسىملارنىڭ قايسىسىنى سىلەر مىنىڭ يىڭى بىرىنچى ئىسمىم بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ دەپ قارايدىغانلىقىڭلارنى بىلمەكچىمەن : ـ قاسىم ، ئاسىم ، تەيمۇللاھ ياكى سەييىد خېتىمغا جاۋاپ ئېرىشەلىسەم ھەقىقەتەن تولىمۇ خۇشال بولغان بولاتتىم .

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن

بارلىق مەدھىيە سىزنى بۇنىڭغا يېتەكلىگەن ئاللاھقا بولسۇن . ناۋادا سىزنى ئاللاھ يېتەكلىمىگەن بولسا توغرىغا يېتەكلەنمەيتتىڭىز . سىزنىڭ دىنىمىزغا كىرىشكە بولغان قىزىقىشىڭىز بىز ئۈچۈن بۈ كىچەئەڭ خۇشاللىق خەۋەر . بىز ئاللاھتىن سىزنىڭ ئىسلامغا مۇۋەپپىقىيەت بىلەن كىرىشىڭىزنى ھەمدە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىشىڭىزنى سورايمىز .

سىزنىڭ بىرىنچى سۇئالىڭىزغا كەلسەك ، خەتنە قىلدۇرۇش سىزگە زىيان كەلتۈرمەيدۇ ، شۇڭا سىز ئۇنى تەجرىبىسى ۋە ماھارىتىگە ئىشىنىدىغان دوختۇرغا قىلدۇرسىڭىز بولىدۇ .ئەگەر ئۇ سىزگە زىيان پەيدا قىلىدىغان بولسا ، ئۇنداقتا سىزنىڭ ئۇنى قىلىشىڭىز لازىم ئەمەس ھەمدە ئۇ ئاللاھ خالىسا ، سىزنىڭ ئىسلامىڭىزغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەيدۇ .

ئىسمىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە كەلسەك، بىلىڭكى ، ئاللاھقا ئەڭ ياقىدىغان ئىسىملار : ئابدۇللاھ ( ئاللاھنىڭ قۇلى ياكى ئىبادەتچىسى) ھەمدە ئابدۇررەھمان( مېھرىبان ئاللاھنىڭ قۇلى ياكى ئىبادەتچىسى) . بۇ بىزگە مۇسلىم نەقىل قىلغان پەيغەمبەرنىڭ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئىشەنچىلىك ھەدەيسىدە كەلگەن ، 3975 .

ئەگەر سىز بىزنىڭ سىز كۆرسەتكەن ئىسىملارنىڭ بىرىنى تاللاپ بىرىشىمىزنى ئويلىسىڭىز ، ئۇنداقتا سىز ئاسىمنى قوللىنىڭ ، ئۇنىڭ مەنىسى : قوغدىغۇچى ، ساقلىغۇچى ،مۇھاپىزەتچى ، مۇداپىئەچى .

ئاللاھتىن سىزگە بۈيۈك ئىسلامنىڭ سايىسىدا بەختلىك ، ياخشى تۇرمۇشنى سورايمىز .

پىشىۋا مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد